يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسقا دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن قاراش كېرەك

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ھەرقانداق ئىشتا تەييارلىق پۇختا بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ، تەييارلىق پۇختا بولمىسا مەغلۇپ بولىدۇ. «14 - بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇمييۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇمييۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان بىرىنچى بەش يىل بولۇپ، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ. بۇنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم، زور بولۇپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتنى ياخشى پىلانلاش ئىنتايىن مۇھىم.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈشكە بولغان پىكرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلان ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بىر خىل مۇھىم شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، يىراقنى كۆزلەپ، چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ تەدبىر سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى يىرىك پىلان تۈزۈشنى تەكىتلىدى. سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن چىقىش قىلىپ، توغرا تونۇش ۋە ئىگىلەش زۆرۈر بولغان ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى چوڭقۇر شەرھلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسقا دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن قاراپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتى يېڭى ۋەزىيىتىنى كېڭەيتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدىغانلىقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور ھۆكۈم، جەزمەن چوڭقۇر تونۇش ۋە ئىگىلەش كېرەك. ھازىر، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. تاشقى جەھەتتىن قارىغاندا، بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىۋەتتى، خەلقئارا ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، خەۋپسىزلىك، سىياسىي قاتارلىق ۋەزىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر تەڭشىلىش يۈز بەردى، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى. بۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، بىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەتۈر شامال، تەتۈر ئېقىملىق تاشقى مۇھىت ئالدىدا، جەزمەن بىر قاتار يېڭى خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىچكى جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىيات مۇھىتىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش كۆپ تەرەپلىك ئەۋزەللىككە ۋە شارائىتقا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەندە، دۆلەت ئىچى - سىرتى مۇھىتىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشى ھەم بىر قاتار يېڭى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، ھەم بىر قاتار يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى، كىرىزىس بىلەن پۇرسەت تەڭ مەۋجۇت، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت بار، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسنى مۇپەسسەل شەرھلىدى، بۇ بىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى توغرا تونۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىشنىڭ ئىدىيە تەييارلىقى ۋە خىزمەت تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسقا قاراشتا دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بولۇش كېرەك. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، بىز ئەۋزەللىككە، تەشەببۇسكارلىققا، كەلگۈسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، جەزمەن ماركسىزملىق پەلسەپەنى ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدە قابىلىيىتى قىلىپ، ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ تۈپ ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش، مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى چوڭ ۋەزىيەتنى دىيالېكتىكىلىق تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپلەرنى چوڭقۇر تونۇپ، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ئېلىپ كەلگەن يېڭى زىددىيەت، يېڭى خىرىسلارنى چوڭقۇر تونۇپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىشىمىز كېرەك. يەنە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، شامالغا قارشى كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

«دېڭىز بىپايان كۆرۈنمەس چېتى، مەنزىلگە قاراپ ماڭىمىز تېخى». دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، مۇھىتى، شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى قايتا بەرپا قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تاللاش. ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە پائال ئىزدەنسەكلا، بىز چوقۇم ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، تەرەققىياتنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش



نەشپۈتتىن مول ھوسۇل ئېلىندى

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر نەشپۈتلەرنى ئايرىپ، ئوراپ قاچىلىماقتا. بىڭتۈەن 1 - شىسى ئۆستۈرگەن 85 مىڭ مو يەردىكى ئارال نەشپۈتىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى. □ سۈن گوچۈەن فوتوسى




8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئالما قاچىلانغان يۈك ئاپتوموبىلى ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ كۆكيار بازىرى كۆكيار كەنتىدىن يولغا چىقتى. □ جاڭ جۈنشېن فوتوسى

## ئونسۇنىڭ 1000 توننا ئالمىسى جىنخۇاغا ماڭدۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنخۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، گالا ئالمىسى قاچىلانغان يۈك ئاپتوموبىللىرى جىنخۇا - ئونسۇ ئىككى جاي خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئېلىپ ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ كۆكيار بازىرىدىن كەينى - كەينىدىن يولغا چىقتى.

«بۇ 100 توننا گالا ئالمىسى ئونسۇ ناھىيەسى بۇ يىل تۇنجى تۈركۈمدە جېجياڭ جىنخۇا شەھەرگە ئەۋەتكەن ئالما، شۇنداقلا بىزنىڭ ياردەمنى قوبۇل قىلغۇچى جاينىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ياردەملىشىپ ئىمزالىغان 1000 توننا گالا ئالمىسى سېتىش توختامىنىڭ بىر قىسمى. كېيىن يەنە تېخىمۇ كۆپ گالا ئالمىسى ئونسۇدىن تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ جىنخۇاغا يەتكۈزۈلىدۇ» دېدى «شىنجاڭنىڭ مېۋىلىرىنى شەرققە يەتكۈزۈش» ۋە 1000 توننا ئالمىنىڭ تۇنجى ئەۋەتىلىش مۇراسىمىغا ئەمەلىي قاتنىشىپ چىققان جىنخۇا شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى تاۋ گوجيەن.

ئىگىلىنىشىچە، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ئۆزگىچە، كۈن نۇرى شارائىتى ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇزلۇق قار سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان، قۇمساڭ تۇپراقتا ئۆستۈرۈلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردىن چىقىدىغان ئالمىلار سىلىق، پارقىراق، پوستى نېپىز، ئېتى چۈرۈك، تەمى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن.

جىنخۇا شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى تور - كەسىپ گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ گوجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: قوماندانلىق ئىشتابىمىز جىنخۇا شەھەرلىك تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى، فۇتەيلۇڭ تاللا بازىرى، جېجۇڭ زەيشەن قاتارلىق نۇرغۇن سېتىش كارخانىلىرى ۋە يۈنجى، پىن دودو قاتارلىق توردا سېتىش سۇپىلىرى بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، تور ۋە تور سىرتىدا سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىي 1000 توننا گالا ئالمىسى سېتىش توختامى ئىمزالىدۇق. بۇنىڭ بىلەن جىنخۇا شەھىرىدىكى ئاھالىلەر ئەلا سۈپەتلىك مېۋىلەرنى يېيەلەيدىغان بولدى، شۇنداقلا ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. نۆۋەتتە جىنخۇا قاتارلىق جايلاردا 80دىن ئارتۇق ئەمەلىي سېتىش دۇكىنى تەسىس قىلىندى، ھەر يىلى ياردەمنى قوبۇل قىلغۇچى جايلارنىڭ 20 مىڭ توننىدىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ياردەم بېرىلىدۇ.

ئاقسۇ شەھىرى بىنلەي مېۋە مىۋىچىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى سۈن بېيجىڭ مۇنداق دېدى: «ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىزدا ھازىر 30 نەچچە ئەزا بار، يېرىمىغا يېقىنى نامرات ئائىلىدىكىلەر. بۈگۈنكى ‹شىنجاڭنىڭ مېۋىلىرىنى شەرققە يەتكۈزۈش› پائالىيىتىنىڭ ئالما قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى ئېچىشقا ناھايىتى زور ياردىمى بولۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى».

## ماناسنىڭ ئورگانىك دەريا قىسقۇچپاقىسى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇدا بازار تاپتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىر جۇ ۋېيبىن خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سەھەردە، ماناس ناھىيەسى گۇاڭدۇڭدى يېزىسى شىنخۇپىڭ سۇ ئامبىرى دەريا قىسقۇچپاقىسى باقمىچىلىق بازىسىدا، ماناس ناھىيەسى خۇڭخۇي يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چېن جۈن بىر تەرەپتىن ئادەم كۈچلىرىنى دەريا قىسقۇچپاقىسى تۇتۇشقا تەشكىللىگەچ، بىر تەرەپتىن خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز بۇ يىل باققان ئورگانىك دەريا قىسقۇچپاقىسى بازارغا سېلىش ئۆلچىمىگە يەتتى، ھازىر ھەر كۈنى نۆۋەتچى ئايروپىلان ئارقىلىق بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى بازارلارغا يەتكۈزۈلۈۋاتىدۇ».

گۇاڭدۇڭدى يېزىسىنىڭ سۇ بايلىقى مول بولۇپ، ماناس دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئەزەلدىن «بېلىق، گۈرۈچ ماكانى» دېگەن گۈزەل نامى بار. بۇ جاينىڭ مول كۆلچەك بايلىقى ۋە ياخشى تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى بۇ يەرنى يېشىل، ئورگانىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنى باقىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك جايغا ئايلاندۇرغان. 2015 - يىلى، ماناس ناھىيەسى خۇڭخۇي يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى بۇ يەرگە ماكانلىشىپ، «شىركەت + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + باقمىچىلىق ئائىلىسى» شەكلى ئارقىلىق ئورگانىك دەريا قىسقۇچپاقىسى، ئاۋستىرالىيە تاتلىق سۇ لوڭشياسى باقمىچىلىقىنى قانات يايدۇردى، نۆۋەتتە دەريا قىسقۇچپاقىسى باقمىچىلىق كۆلىمى 3000 موغا يەتتى، بېقىلىۋاتقان لوڭشيا 300 مىڭغا يېقىنلاشتى.

«بۇ دەريا قىسقۇچپاقىلىرى بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قويۇپ بېرىلگەن كىچىك قىسقۇچپاقىلار بولۇپ، تۆت ئايدىن كۆپرەك بېقىلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي جەھەتتىن بازارغا سېلىش ئۆلچىمىگە يەتتى، ئەركەك قىسقۇچپاقىلارنىڭ ئېغىرلىقى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 150 گىرامغا، چىشى قىسقۇچپاقىلارنىڭ ئېغىرلىقى 100 گىرامغا يېتىدۇ. بىز ھەر كۈنى مەركەزلىك تۇتىمىز ھەم ھەممىسىنى ھاۋا ترانسپورتى ئارقىلىق بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى بازارلارغا ئەۋەتىمىز.» چېن جۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: ماناستىن چىقىدىغان دەريا قىسقۇچپاقىسى، لوڭشيانىڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى بازارلاردا بازار تېپىشىدىكى سەۋەب، بىر تەرەپتىن بۇ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئورگانىك مەھسۇلات بولۇپ، سۈپىتى، تەمى ئىچكىرى رايونلاردىكى ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلاردىن پەرقلىنىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يىل يۇقۇم ۋە چاڭجياڭ دەرياسى كەلكۈن ئاپىتىنىڭ قوش تەسىرىدە، ئىچكىرى رايونلاردىكى بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئەلا سۈپەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى، شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئورگانىك دەريا قىسقۇچپاقىسى، لوڭشيا بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى بازارلارغا «بوسۇپ» كىردى. مۆلچەرىمىزچە مۇشۇ بىر تۈردىلا شىركەتنىڭ پايدىسى 1 مىليون يۈەندىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگىچە يېتىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تۇنجى تۈركۈمدىكى دەريا قىسقۇچپاقىسى بازارغا سېلىنغاندىن بۇيان، ھەر كۈنى بىر توننا دەريا قىسقۇچپاقىسى ئايروپىلانغا «ئولتۇرۇپ» شىنجاڭدىن چىققان. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ماناستىن چىقىدىغان ئورگانىك لوڭشيامۇ بازارغا سېلىنىدىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە جۇڭچيۇ بايرىمىدىن ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە، قىسقۇچپاقا، لوڭشيانىڭ كۈندىلىك سىرتقا سېتىلىش مىقدارى ئۈچ توننىدىن ئاشىدىكەن.

گۇاڭدۇڭدى يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى باۋ چېڭجۈڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: يەرلىك ھۆكۈمەت پائال ماسلاشتۇرۇپ، سىرتقا سېتىش، سىرتقا توشۇش «يېشىل يول»ى ئېچىپ، شۇ جاينىڭ يېڭى، تىرىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەتىگەندە شىنجاڭدىن چىقىپ، كەچتە ئىچكىرى رايونلاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ تاماق ئۈستىلىگە چىقىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

چېن جۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركىتىمىز بۇ يىل يەنە يەكەن ناھىيەسىنىڭ دۆڭباغ يېزىسىدا لوڭشيا باقمىچىلىقى ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى 200 مىڭغا يەتكۈزۈپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ، شۇ جايدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى.